# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش ئىسىملىكى

(2020 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)

( 1 )

سۈن خۇڭمېي(ئايال)نى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەش قارار قىلىندى.

## سۈن خۇڭمېينىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى



سۈن خۇڭمېي، ئايال، مانجۇ، 1970 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇغۇلغان، لياۋنىڭ بېيپياۋدىن، 1991 ـ يىلى 7 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1990 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ئىچكى موڭغۇل داشۆسى ئېلېكترون ئىلمى فاكۇلتېتىنىڭ ئېلېكترون ئىلمى ۋە ئۇچۇر سىستېمىسى كەسپىنى پۈتكۈزگەن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.

1987 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1991 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئىچكى موڭغۇل داشۆسى ئېلېكترون ئىلمى فاكۇلتېتىنىڭ ئېلېكترون ئىلمى ۋە ئۇچۇر سىستېمىسى كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1991 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1994 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى كاتىبات باشقارمىسىدا بۆلۈم ئەزاسى بولغان؛ 1994 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 2000 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئۇنىۋېرسال باشقارمىسىدا بۆلۈم ئەزاسى، مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى بولغان؛ 2000 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 2004 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئۇنىۋېرسال باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولغان؛ 2004 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 2008 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئۇنىۋېرسال باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى بولغان (بۇ مەزگىلدە: 2005 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 2007 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە، ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىلىپ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق ئەرزىيەت ئىدارىسى نازارەت قىلىش باشقارمىسى، خەت ـ چەك بىر تەرەپ قىلىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولغان)؛ 2008 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 2009 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك) بولغان؛ 2009 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 2011 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان؛ 2011 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 2016 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى باۋتۇ شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان؛ 2016 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 2017 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى باۋتۇ شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان؛ 2017 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 2018 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ھۆكۈمەت باھالاش ئىشخانىسىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىرى (نازىر دەرىجىلىك) بولغان؛ 2018 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2020 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولغان.

( 2 )

ليۇ سۇشېنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەش قارار قىلىندى.

## ليۇ سۇشېنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى



ليۇ سۇشې، ئەر، خەنزۇ، 1967 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان، شەنشى ياڭلىڭدىن، 1989 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1986 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاسپىرانتلار مەكتىپىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش كەسپىنى پۈتكۈزگەن، ئىشلەپ تۇرۇپ ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، باشقۇرۇش ئىلمى دوكتورى.

1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1989 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە، بېيجىڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش شۆيۈەنىنىڭ يېزا پۇل مۇئامىلە كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1989 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1997 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە، دۆلەت پىلان كومىتېتى يېزا ئىقتىسادى مەھكىمىسى يېزا ئىگىلىك باشقارمىسىنىڭ كادىرى، مۇئاۋىن مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى، مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى بولغان (بۇ مەزگىلدە: 1989 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1990 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە، بېيجىڭ شەھىرى شۈنيى ناھىيەلىك پىلان كومىتېتىدا چېنىققان؛ 1992 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1996 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاسپىرانتلار مەكتىپىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش كەسپىدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىلمى ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن)؛ 1997 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1998 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە، دۆلەت پىلان كومىتېتى يېزا ئىقتىسادى مەھكىمىسى يېزا ئىگىلىك باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولغان؛ 1998 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 2001 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە، دۆلەت پىلان كومىتېتى يېزا ئىقتىسادى مەھكىمىسى يىللىق پىلان باشقارمىسىنىڭ ياردەمچى تەتقىقاتچىسى بولغان؛ 2001 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 2003 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە دۆلەت پىلان كومىتېتى يېزا ئىقتىسادى مەھكىمىسى يىللىق پىلان باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى بولغان (2001 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 2002 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە، ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىلىپ يۈننەن ئۆلكىسى چۇشيۇڭ يىزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئوبلاست باشلىقى ياردەمچىسى بولغان)؛ 2003 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 2007 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى يېزا ئىقتىسادى مەھكىمىسى يىللىق پىلان باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى بولغان (بۇ مەزگىلدە: 2003 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 2004 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى مەركەز دۆلەت ئورگانلىرى شۆبە مەكتىپىنىڭ ياش كادىرلار كۇرسىدا ئوقۇغان)؛ 2007 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 2014 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى رايون ئىقتىسادى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بولغان (2006 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2009 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاسپىرانتلار مەكتىپىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش كەسپىدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان، باشقۇرۇش ئىلمى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن؛ 2008 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 2009 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش 2 ـ كۇرسىدا ئوقۇغان)؛ 2014 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 2017 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى رايون ئىقتىسادى مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى بولغان؛ 2017 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 2017 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنما مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى بولغان؛ 2017 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 2020 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى كاتىبات 2 ـ ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى بولغان (بۇ مەزگىلدە: 2019 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 2019 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش 1 ـ كۇرسىدا ئوقۇغان).

# ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۇلۇغ ئىشنى ياخشى خاتىرىلەيلى، ياخشى گەۋدىلەندۈرەيلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەممە يەردە ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەنىڭ گۈزەل تۈرمۇش يۈگمە رەسىمى ئاستا ـ ئاستا ئېچىلماقتا. بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىزدە «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بويىچە <100 شەھەر، 1000 ناھىيە، 10 مىڭ كەنتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى>» ئىستونى تەسىس قىلىندى، مۇخبىرلار قولىدىكى قەلەمى ۋە فوتو ئاپپاراتى ئارقىلىق دىققەتنى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇش، بەختلىك تۇرمۇشتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشتىن ئىبارەت جانلىق ئەمەلىيەتكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ نامراتلىق يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاش، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن جان تىكىپ ئىشلىشى ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش ھېكايىلىرىنى يېزىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى نامايان قىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۇلۇغ ئىشنى خاتىرىلەيدىغان، گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم، زور تەدبىر، كەڭ ئاخبارات خىزمەتچىلىرى «ئايىغى چاققان، كۆزى ئۆتكۈر، زېھنى ئوچۇق، قەلىمى كۈچلۈك» بولۇش تەلىپىنى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئېنىسل ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن تاراتقۇدا تارقىتىشنى يېڭىلىق يارىتىپ قانات يايدۇرۇپ، چىن قەلب بىلەن ھېس قىلىش، پۈتۈن ھېسسىيات بىلەن يېزىش، ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىش ئارقىلىق، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخىي مۇساپىسى داۋامىدا تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئىلگىرىلەش ھالىتى ۋە يېپيېڭى كەيپىياتىنى ياخشى خاتىرىلىشى، ياخشى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك.

قەلەم ۋە فوتو ئاپپاراتنى ئادەتتىكى پۇقرالارغا توغرىلاش، يېڭى دەۋردىكى كۈرەشچىلەرگە، ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەرگە توغرىلاش كېرەك. ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشكە ئەسلىي مەقسەت يۈكلەنگەن، ھاللىق سەۋىيە خەلققە مەنسۇپ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كۈرەش مۇساپىسىدە، ھەربىر ئىللىقلىققا تولغان، كۈچكە تولغان ھېكايىلەر تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا جۇش ئۇرۇپ بارلىققا كەلدى. ئاخبارات خىزمەتچىلىرى ھەقىقىي، كونكرېت مىساللار، جانلىق شەخسلەر، كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان ۋەقەلىكلەر، دەۋر تۇيغۇسى، رىتىملىق تۇيغۇسىغا باي ئاخبارات تىلى ۋە ئىنچىكە، جانلىق ئىپادىلەش شەكلى ئارقىلىق، كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنىڭ

تەلىپىگە توغرىلىنىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلىنىشتەك كۈرەش قىلىش روھى ۋە تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى ياخشى سۆزلەپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىن ئۆتكەلنى يېڭىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ئاتلىنىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىشى كېرەك.

چوڭقۇر شەرھلەپ چۈشەندۈرۈشنى ياخشى قىلىش كېرەك. «مېۋە يېگەندە شۇ مېۋىلىك دەرەخنى ئويلاش، سۇ ئىچكەندە سۇنىڭ مەنبەسىنى ئويلاش» كېرەك. بۈگۈن، بىز كۆرگەن شەھەر ـ يېزىلارنىڭ يېڭى قىياپىتى، ھېس قىلغان ھەر مىللەت ئاممىنىڭ يېڭى تۇرمۇشى ھەرگىزمۇ يەككە ـ يېگانە مەۋجۇت ئەمەس، «ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش ساھەسىدە مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدۇق.» ئاخبارات خىزمەتچىلىرى دەۋر يۈكسەكلىكى، ئىدىيە چوڭقۇرلۇقى ئارقىلىق، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا ئېلىپ كەلگەن كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولىدىغان ئەمەلىي نەپلىرىنى چوڭقۇر شەرھلەپ چۈشەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە ـ ئۇنۇم ئارقىسىدىكى تۈپ سەۋەب، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىشى ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبەلەرنى يەكۈنلىشى، پارتىيەمىزنىڭ بۇرچنى زىممىگە ئالىدىغان، ۋەدىنى ئالتۇندىنمۇ قىممەت بىلىدىغان بوشاشماي ئىنتىلىشنى تولۇق نامايان قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭ تۇپرىقىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە نامايان قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئېغىر نامراتلىقنى يوقىتىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك.

ھاللىق تۇرمۇش، 1000 يىللىق ئىزدىنىش، ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دەل بۈگۈنكى دەۋردە. ئاخبارات خىزمەتچىلىرى دەۋرنىڭ ئېغىر ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراقتا نامايان بولغان يېڭى كەيپىيات، يېڭى نەتىجە، يېڭى ئۇمىدنى ياخشى خاتىرىلەپ، ياخشى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتىن ئىبارەت تارىخىي كاتتا ئىشنى بىرلىكتە قىلىش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆزگىرىش بولۇپلا قالماي، يەنە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش مەسىلىسى تۈپتىن ھەل قىلىندى.

### ئۆي كۆچۈش تۇرمۇشنى تېخىمۇ ئىللىق قىلدى

تاغ ئارىسىدىن كۆچۈپ چىقىپ ئاسمان ـ زېمىن كېڭەيدى.

كۆچۈشتىن بۇرۇن، ئابدۇرازاققا ئوخشاش چارۋىچىلارنىڭ كۆپىنچىسى چەت ـ ياقا، ئېگىز، سوغۇق تاغلىق رايونلاردا ياشايتتى، ئەڭ يىراق يېزا ـ بازارنىڭ ئارىلىقى ناھىيە بازىرىغا 400 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان بولۇپ، بىر قېتىم تاغدىن چۈشۈشكە نەچچە كۈن كېتەتتى، بەزى ياشانغانلار ئۆمۈر بويى تاغدىن چۈشۈپ باقمىغانىدى. ئۇ چاغلاردا مال سېتىۋېلىش، داۋالىنىش ناھايىتى قولايسىز بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەس ئىدى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، قىزىلسۇ ئوبلاستى «بىر جاينىڭ سۇ، تۇپرىقى شۇ جاينىڭ كىشىلىرىنى باقالماسلىق»تەك قىيىن مەسىلىگە قارىتا، ئولتۇراقلاشتۇرۇپ چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتتى، 28 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە، 115 مىڭ 500 چارۋىچى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن خوشلىشىپ، تاغ ئىچكىرىسىدىن شەھەر ـ بازارلاردىكى مەھەللىلەرگە كۆچۈپ كەلدى. تۇرۇشلۇق جايىدا يول قاتتىقلاشتۇرۇلغان، كەنت كۆكەرتىلگەن، ھويلا ـ ئاران پاكىزلاشقان، مۇھىت گۈزەللەشكەن بولۇپ، ئۆل ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولۇپلا قالماي، بىخەتەر ئىچىدىغان سۇ، مائارىپ، داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش، خىزمەت ئىشلەش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرىمۇ تولۇق سەپلەنگەنىدى.

«ھازىر، ئىشكتىن چىقساقلا ئىشقا ئورۇنلىشالايمىز، بالىلىرىمىزمۇ مەكتەپتە ئوقۇيالايدۇ، كېسەل كۆرسىتىشىمىز، مال سېتىۋېلىشىمىزمۇ ناھايىتى قولايلىشتى، ئىشىك ئالدىدىكى ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت مەركىزىدىن تۇرلۇك تاۋارلارنى سېتىۋالالايمىز.» تاماقتىن كېيىن ئاقتۇ ناھىيەسى كۈنلۈن جىيايۈەن ئولتۇراق رايونىدا سەيلە قىلىۋاتقان مۇقىم ئولتۇراقلاشقان چارۋىچى مەمەتئەيسا ھەيدا خۇن مۇنداق دېدى: «مەھەللە يەنە دائىم بەزى پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، قوشنىلار ئارىسىدىكى ھېسسىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۇرمۇشىمىزنى بېيىتىدۇ».

### ئۆزگىرىش كەسىپلەرنى تېخىمۇ ئەلالاشتۇردى

«كۆچۈپ چىقالايدىغان بولۇش»، يەنە «مۇقىم تۇرالايدىغان بولۇش» كېرەك.

مۇرات جاپپار سىلۇ جىيايۈەن ئولتۇراق رايونىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى بىر باقمىچىلىق مەيدانىدا ئىشلەشنى تاللىدى. باقمىچىلىق مەيدان ـ ئورنى ئۆلچەملىك، ئىلغار بولۇپ، ئۆزىنىڭ كونا كەسپىنى قىلغان مۇرات ھەر ئايدا ۋاقتىدا 3000 يۈەن مۇقىم مائاش ئالالايدۇ، بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ناھايىتى خاتىرجەم قىلدى.

كۆپلىگەن چارۋىچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىلىرىنى نۇقتىلىق يېتىشتۈرۈش، چارۋا بورداقچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق، ۋاكالىتەن بېقىلىۋاتقان چارۋىلارنى بىرتۇتاش بورداپ، ئىلمىيلەشتۈرۈپ باشقۇرۇپ چارۋىچىلارغا تېخىمۇ كۆپ پايدا ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنى كىرىمنى ئاشۇرۇش يېڭى يوللىرىنى سىناپ كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

ئىلگىرى كۆكتاتنىمۇ ناھايىتى ئاز يېيەلەيدىغان نۇرجان سىكىلەك كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ كۆكتات تېرىشقا تايىنىپ ھەمىيىنى تومپايتىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئاغۇ يېزىسى ئارساي ئولتۇراق رايونىدىكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، تۈرلۈك تەربىيەلەشلەر نۇرجاننىڭ ماھارىتىنى ئۆستۈردى، ئىزچىل چارۋا بېقىشنى ئاساسلىق ئىقتىسادىي مەنبە قىلغان ئۇ تېخنىكلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارنىكقا كىرىپ، كۆكتات تەتقىق قىلىشنى باشلىدى.

«بۇ يىل مەن چېنىقىپ تىرىدىم، ياخشى پەرۋىش قىلسام بىر يىلدا ئۈچ قېتىم يىغىۋالالايمەن، بىر يىللىق كىرىمىم 15 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولىدۇ. باقمىچىلىقتىن قىلغان كىرىمىنى قوشقاندا، بىر يىللىق كىرىمىم 20 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.» يېڭى تېخنىكا ئىگەللىگەن نۇرجاننىڭ ئارىخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە دېگەن بۇ سالاھىيىتى كونا ئۆيى بىلەن بىللە ئەسلىمىلەر ئىچىدە قالدى.

### تەرەققىيات كىرىمنى تېخىمۇ كۆپ مەنبەگە ئىگە قىلدى

«چارۋىچىلىق»تىن «كەسىپ» ئالماشتۇرغاندىلا، چارۋىچىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ تورغات نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش نۇقتىسىغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، تۇرغۇنئالى تۇرسۇن مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولدى، خوتۇنى ئائىلە ئايالىدىن يەككە تىجارەتچىگە ئايلاندى، ئىككىسىنىڭ بىر ئايلىق كىرىمىنى قوشقاندا 4000 يۈەندىن ئاشىدۇ، بۇ كۆچۈرۈلۈشتىن ئىلگىرىكى بىر يىللىق كىرىمگە باراۋەر ئىدى.

ئاقچى ناھىيەسىنىڭ ساپارباي يېزىسى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ئولتۇراق رايوندىكى ئاھالە گۈلخان تۇرسۇنئالى يېڭى ئۆيىگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، ئېرى بىلەن ئىشىكى ئالدىدا بىر بېزەكچىلىك ماتېرىياللىرى قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنى ئاچتى، ئېرى بېزەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولدى، ئۇ دۇكاندا كەشتىچىلىك ۋە تىككۈچىلىك قىلىپ، ئىشىك ئالدىدىلا كىرىمنى ئاشۇرالايدىغان بولدى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئازراقمۇ تەسىر يەتكۈزمىدى، گۈلخاننىڭ قارىشىچە بۇ ھەتتا شەھەرلىكلەرنىڭ تۇرمۇشىدىنمۇ ياخشى ئىدى.

كۆچۈرۈلگەندىن كېيىنكى بۇ دېھقان ـ چارۋىچىلارنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، قىزىلسۇ ئوبلاستى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەربىر ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىنىڭ رايون ئورنى ۋە نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۆز شارائىتىنى تولۇق ئويلىشىپ، دېھقانچىلىق قىلىشقا ماس كەلسە دېھقانچىلىق قىلدۇرۇپ، چارۋىچىلىق قىلىشقا ماس كەلسە چارۋىچىلىق قىلدۇرۇپ، سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماس كەلسە سانائەت بىلەن شۇغۇللاندۇرۇپ، سودا قىلىشقا ماس كەلسە سودا قىلدۇرۇپ، كۆچۈرۈلگەن چارۋىچىلارنىڭ «ئىگىلىك تىكلەپ بېيىش يولى بولۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش يولى بولۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە بولۇش، تەرەققىياتى ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

بۈگۈنكى كۈندە، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ھەرقايسى ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش، ئىگىلىك تىكلەشكە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق يۆلەش تەدبىرلىرى كۆچۈرۈلگەن چارۋىچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئىشچى، تېرىقچىلىق ئائىلىسى، يەككە تىجارەتچىگە ئايلاندۇردى، چارۋىچىلار ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ ئۆزىگە تەۋە يېڭى تۇرمۇشنى ياراتماقتا.